## 370937 ـ نېمە ئۈچۈن بەزى ۋاقىتتا شەرئى رۇقيەنىڭ تەسىرى ئاشكارا بولمايدۇ؟

**سوئال**

مۇسۇلمان بولمىغان كىشىنىڭ مۇسۇلمانغا رۇقيە ئوقۇپ قويۇشى توغرا بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن شىپا تاپىدۇ، بەزى قاندا ئېقىۋاتقان زەھەرگە رۇقيە ئوقۇيدۇ، ئاشقازاننىمۇ تازىلىمايدۇ ياكى ئۆزگەرتمەيدۇ ياكى شىپالىق قانغا ئالماشتۇرمايدۇ شۇنداقتىمۇ تامامەن ساقىيىپ كېتىدۇ، شۇنىڭدەك سېھىرگە، جىن سوقۇۋەتكەنگە، ھۇشسىزلىنىشقا، كۆز تەككەنگە رۇقيە ئوقۇيدۇ ، تامامەن ساقىيىپ كېتىدۇ، لېكىن بەزى مۇسۇلمان كىشى رۇقيە ئوقۇيدۇ، كېسەل شىپا تاپماستىن ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ، ياكى شىپا تاپمايدۇ دەپ خىيال قىلىپ قالىدۇ، تىز ئىجابەت بولىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن كېسەلنى داۋالايدىغان رۇقيە دۇئاسىنىڭ ۋە ئەڭ ئېسىل بولغان رۇقيە دۇئاسىنىڭ ئۆلچىمى قايسى؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاب**

بىرىنچى:

## رۇقيەنى ئايەت ۋە زىكىرلەر بىلەن قىلىش سۈننەت.

رۇقيە دېگەن؛ ئىبادەتنىڭ بىر تۈرى، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە شەرئى زىكىرلەر بىلەن ئوقۇش يولغا قويۇلغان.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە تونۇشلۇق بولغان زىكىرلەر بىلەن رۇقيە ئوقۇشتىن چەكلەنمەيدۇ، بەلكى بۇ سۈننەتتۇر.

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ئالىملار رۇقيەنى قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ زىكىرلىرى بىلەن ئوقۇشنىڭ توغرا بولىدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلدى. مازۇري رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئەگەر رۇقيە ئاللاھنىڭ كىتابى ياكى زىكىرلەر بىلەن بولسا توغرا بولىدۇ، ئەرەپ تېلىدىن باشقا تىللار بىلەن ياكى مەنىسى بىلىنمەيدىغان سۆزلەر بىلەن بولسا ئۇنىڭدا كۇپۇر سۆزلەرنىڭ بولۇشى ئېھتىماللىقى بىلەن چەكلىنىدۇ". ["شەرھى سەھىھ مۇسلىم"14-توم 169-بەت].

دۇئا دېگەن ئاللاھ تائالا شىپالىقنىڭ سەۋەپلىرىدىن قىلغان بىر سەۋەبدۇر.

# رۇقيه ئوقۇش بىلەن شىپا تېپىشنىڭ ھاسىل بولۇشى كېرەكمۇ؟.

ھەممەيلەنگە مەلۇمكى، ئىنسانىنىڭ سەۋەبنى قىلىشى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشىش لازىم كەلمەيدۇ، بەزى ۋاقىتتا مۇشۇ سەۋەبنىڭ شەرتلىرىدىن ھەممىسى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەتىجە ھاسىل بولمايدۇ، رۇقيەنى ئىخلاس بىلەن ئوقۇماي، غاپىللىق بىلەن ئوقۇش، رۇقيە ئوقۇلىنىغۇچىنىڭ رۇقيەنى ئۆچ كۆرۈشىگە ۋە ئۇنىڭ پايدىسى يوق دەپ ئېتىقاد قىلىشىقا ئوخشاش چەكلىمىلەرنىڭ تېپىلىشى بىلەن شۇنداق بولىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمە ھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "قۇرئان كەرىم بولسا مەنىۋي  ۋە جىسمانىي كېسەللىكلەرگە شىپادۇر، دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ داۋاسىدۇر، ھەممە كىشى قۇرئان كەرىم بىلەن شىپا تېپىشقا مۇۋەپپەق بولمايدۇ ۋە لايىق بولمايدۇ، بىمار قۇرئان بىلەن داۋالانسا، قۇرئاننى ئىمان ۋە تەستىق بىلەن تولۇق قوبۇل قىلىش ۋە كەسكىن ئېتىقاد بىلەن ھەممە شەرتلىرىنى تولۇق قىلىپ كېسەلگە ئوقۇسا كېسەل شىپا تاپىدۇ، ھېچقانداق كېسەللىك ئۇنىڭغا قارشى كېلەلمەيدۇ". ["زادىل مىئاد" 4-توم 322-بەت].

بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا ھېكمەت بىلەن كېسەلنىڭ شىپا تېپىشىنى كېچىكتۈرىدۇ ياكى چەكلەپ قويىدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " ھەددىدىن ئېشىش بولمىغان دۇئا بىلەن تەلەپ قىلىنىغان نەرسە ياكى ئۇنىڭ ئوخشىشى ھاسىل بولىدۇ، بۇ دۇئا ئىجابەت بولۇشنىڭ چېكى، تەلەپ قىلىنىغان نەرسە بەزىدە دۇئا قىلغۇچى ياكى باشقىلارغا زىيانلىق بولغانلىقى، دۇئا قىلغۇچى نادان بولۇپ بۇنىڭدىكى زىياننى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ھاسىل بولۇشى چەكلىنىدۇ، رەببىمىز بەندىسىگە بەك يېقىن ۋە دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغۇچىدۇر، بەندىلىرىگە ئاتا-ئانىسىدىنمۇ بەك مېھرىباندۇر، ئېسىلدۇر، شەپقەتلىكتۇر. ئۇنىڭدىن بەندە بىر نەرسىنى سورىسا، ئۇنىڭ بەندىسىگە زىيانلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن بەندىسىگە ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بېرىدۇ، قانداقكى بالا ئاتىسىدىن ئۆزىگە لايىق بولمىغان نەرسىنى سورىسا بالىسىغا ئۇنىڭ ئوخشىشىنى بەرگەندەك. ئەڭ يۈكسەك مىسال ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ["پەتىۋالارمەجمۇئەسى" 14-توم 368-بەت].

ئىبنى جەۋزى رەھىمە ھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "تەكلىپتىن بولغان مەقسەتنىڭ ئىنسانىغا مەخپىي قىلىشى نادانلىقتىندۇر، چۈنكى ئۇ مەقسەتنىڭ ئەكسىگە قويالغۇچىدۇر، ئەقىللىق كىشى غەرىزىنىڭ ئەكسى بىلەن كۆنۈشى كېرەك، ئەگەر دۇئا قىلسا، مەقسىتىگە يېتىشنى سورىسا، دۇئا بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش كېرەك، مەقسەت قىلغان نەرسىگە ئېرىشسە شۈكۈر ئېيتىش كېرەك، ئەگەر مەقسىدىگە يېتەلمىسە، تەلەپتە چىڭ تۇرۇۋېلىشى توغرا بولمايدۇ، چۈنكى دۇنيا دېگەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىگە: «سىلەر ياقتۇرمىغان نەرسە، ئۇ سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېيىشى كېرەك.

نادانلىقنىڭ ئەڭ كاتتىسى: مەقسىتىنىڭ ئەكسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ئىچىدە رەنجىيدۇ، بەزى ئىچىدە قارشى چىقىدۇ ياكى بەزى ۋاقىتتا: دۇئايىم ئىجابەت بولماي، مەقسىدىمنىڭ ھاسىل بولىشىنىڭ زېيىنى يوق دەيدۇ؟.بۇنىڭ ھەممىسى ئۇ كىشىنىڭ

نادانلىقىنىڭ، ئىمانىنىڭ ۋە ھېكمەتكە بويسۇنۇشىنىڭ ئازلىقىنىڭ ئىسپاتى". ["سەيدىل خاتىر" 625-626-بەتلەر].

ئاللاھ تائالا بەزى ۋاقىتتا كاپىرغا ھۆججەت قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ رۇقيىسىنىمۇ ئىجابەت قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن شىپالىقنى روياپقا چىقىرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەك قاتتىقچىلىق بولغاندا كاپىرلارغا تۇرغۇزىدىغان ھۆججەتلەرنى زىيادە قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ دۇئاسىنىمۇ ئىجابەت قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ھالىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دەيدۇ: وَمَا بِكُمْ مِنْ نِعْمَةٍ فَمِنَ اللَّهِ ثُمَّ إِذَا مَسَّكُمُ الضُّرُّ فَإِلَيْهِ تَجْأَرُونَ * ثُمَّ إِذَا كَشَفَ الضُّرَّ عَنْكُمْ إِذَا فَرِيقٌ مِنْكُمْ بِرَبِّهِمْ يُشْرِكُونَ * لِيَكْفُرُوا بِمَا آتَيْنَاهُمْ فَتَمَتَّعُوا فَسَوْفَ تَعْلَمُونَ تەرجىمىسى: «سىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاللاھ بەرگەن، سىلەرگە بىر ئېغىرچىلىق يەتسە، ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلىسىلەر، ئاللاھ سىلەردىن ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋەتسە ، ئاراڭلاردىن بىر بۆلۈك ئادەم دەرھال ئۆز پەرۋەردىگارىغا شېرىك كەلتۈرىدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە بەرگەن (بىشىدىكى ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرىۋەتكەنلىكىمىزدىن ئىبارەت) نېمىتىمىزگە ناشۈكۈرلۈك قىلىدۇ، (سىلەر ئەجىلىڭلار يەتكۈچە دۇنيادىن) بەھرىمەن بولۇڭلار، (ئىشىڭلارنىڭ ئاقىۋىتىنى) ئۇزاققا قالماي بىلىسىلەر» [سۈرە نەھل 53-55-ئايەتلەر].

بەزى ۋاقىتتا ئاللاھ تائالا مۆمىنىنىڭ كېسىلىنىڭ شىپا تېپىشىنى ئۇنىڭ ئەجرىنى زىيادە قىلىش، سەبىرچانلىقىغا ساۋاپ بېرىشتەك ھېكمەتلەر بىلەنمۇ كېچىكتۈرىدۇ.

سۆزنىڭ خۇلاسىسى: رۇقيەنىڭ نەتىجىسى ئاللاھنىڭ خالىشى ئاستىدىدۇر، ئاللاھ بەندىلىرىگە شەپقەتلىك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر.

ئىككىنچى: رۇقيەنىڭ ئېسىل بولىشىدىكى بەلگىلىمە بولسا دۇئا ۋە زىكىرگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن رۇقيە ئوقۇغۇچىنىڭ سەمىمى، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولىشى ۋە شەرىئەت يولغا قويغان رۇقيەنى ئىشلىتىشى شەرت قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى سوئاللارنىڭ جاۋاپلىرىغا قارالسۇن: رۇقيە ئوقۇغۇچىنىڭ شەرتى نېمە؟. ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىجابەت بولىدىغان دۇئانىڭ شەرتلىرى؟. دۇئانىڭ ئەدەپلىرى.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.